# كۈچلۈك ئاممۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1-بەتتە)

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە سەممىي رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. پارتىيە 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ سەھىيە-ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، A تىپلىق H1N1 تارقىلىشچان زۇكمى، H7N9، ئېبولا قاناش قىزىتمىسى قاتارلىق تاسادىپىي يۈزبەرگەن يۇقۇملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى، ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدە، سەھىيە-ساغلاملىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باشتىن-ئاخىر ئۇلۇغ ئورۇندا تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسى بىلەن زىچ جىپسلىشىپ، مۇھىم تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش سىستېمىسى خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ئاممۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەۋقەنى تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، تۈزۈلمە مېخانىزمنى راۋانلاشتۇرۇش، ئىقتىدار ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. مۇقىم بولغان ئاممۋى سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسى مېخانىزمنى ئورنىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئۇل شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاممۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەسىس قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى-تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىش مېخانىزمنى ئورنىتىش كېرەك. دۆلەت دەرىجىلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ تېخنىكا، ئىقتىدار، ئىختىساسلىقلار زاپىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن شەھەر-يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش خىزمەت مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا-بازارلىق شىپاخانىلار ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، خادىملار راۋان بولغان، ئۇچۇر راۋان بولغان، بايلىق راۋان بولغان ۋە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش بىر-بىرىنى چەكلەيدىغان مېخانىزم ئورنىتىش كېرەك. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىكى زامانىۋىلاشقان سىستېمىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش-ئىشلىتىش مېخانىزمنى ئورنىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاممۋى سەھىيە شۆيۈەنلىرىنى قۇرۇپ، كېسەلنى ئېپىدېيولوگىيەلىك باھالاش، يۇقۇم ۋەزىيىتىگە ھۆكۈم قىلىش ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، نەق مەيداندا تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىقلاردىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىختىساسلىقلارنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دەسلەپكى مەزگىلدە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى ئاممۋى سەھىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ھازىرقى ئەڭ جىددىي ئىش قىلىپ، تارقىلىشچان كېسەل يۇقۇمى ۋە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان كېسەل ۋە غەيرىي ساغلاملىق ۋەقەلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، باھالاش، كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە توغرىلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاقلاشقان ئالدىن سىگنال بېرىش كۆپ نۇقتىلىق قوزغىتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كۆپ يوللۇق كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نەق ۋاقىتتا تەھلىل قىلىش، مەركەزلىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تارقىلىشچان كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاممۋى سەھىيە ئاپپاراتلىرى بىلەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ماسلىشىپ كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قاراۋۇل نۇقتىسىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قوشۇنىنى تەشكىللەپ قۇرۇش، ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىش، تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، تېببىي داۋالاش-قۇتقۇزۇش، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، مەھەللە يېتەكچىلىك قىلىش، ماددىي ئەشيالارنى تەقسىملەش قاتارلىق ساھەلەرنى قاپلاش كېرەك. ئاساسىي قاتلام سەھىيە خادىملىرىنىڭ بىلىم زاپىسى ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش، مەشقلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىن بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلىملىرى تەشۋىقات-تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە بولغان بىلىش سەۋىيەسى ۋە ئالدىنى ئېلىش، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش، ئۆزئارا قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى قەرەللىك تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش قاتارلىق سەھىيە، ساغلاملىق خىزمەت مېخانىزملىرىنى ئورنىتىپ، بۇيرۇق ئېنىق بولۇش، سىستېما تەرتىپلىك بولۇش، بۆلەك راۋان بولۇش، ئىجرا كۈچلۈك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش-داۋالاش خىزمىتىدە، بىز خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى بايلىقلارنى يۆتكەپ توپلاپ، كەڭ كۆلەملىك قۇتقۇزۇش-داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، بىرمۇ يۇقۇملانغۇچىنى چۈشۈرۈپ قويماي، ھەربىر ئاغرىقتىن ۋاز كەچمەي، تۇغۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بوۋاقتىن تارتىپ 100 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلاردىنمۇ ۋاز كەچمەي، ئاغرىقلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسى سەۋەبلىك داۋالىنىشنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ھالىتىدە داۋالاش-سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش-ماسلاشتۇرۇش، ئىنكاس قايتۇرۇش، رايونلار بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، خادىملارنى يۆتكەپ توپلاشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دەرىجىگە، قاتلامغا، تارماققا ئايرىلغان ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش-داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ تارقىلىشچان كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش-داۋالاش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تېببىي داۋالاش-قۇتقۇزۇش زاپىسى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شەھەر مەھەللىلىرى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلاملىرى، چېگرا پورت شەھەرلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار ۋە جۇڭيى دوختۇرخانىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەر، يېزا ئۈچ دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى، رايون داۋالاش مەركىزى قاتارلىق بازا قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەردىن قۇتقۇزۇش-داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى پارتىيەمىزنىڭ ئاممۋى لۇشيەنى تازىلىق، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە تەتبىقلاشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش كۆرەشى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك جەمئىيەت ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، ئاممۋى سەھىيە مۇھىت ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر-يېزا مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش، پاكىز شەھەر-بازار بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى يېمەك-ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ساغلاملىقنى بارلىق سىياسەتلەرگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكى بويىچە ساغلاملىق باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى شەھەر يېرىك پىلانى، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى. كلاسسىك تېببىي كىتابلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى رەتلەش ۋە قېزىشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات تىرىكى سۇپىلىرىنى قۇرۇپ، جۇڭيى دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭيى دورىلىرى بويىچە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى دوختۇرخانىلىرىنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە قۇتقۇزۇش-داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئالاھىدە ئىختىساسلىقلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك دۆلەت جۇڭيى دوختۇرلىرى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى، تاسادىپىي ئاممۋى سەھىيە ۋەقەسىگە تاقابىل تۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنى تۈزۈش خىزمىتىنى قاراتمىلىق ھالدا ئالغا سىلجىتىپ، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق، تەرتىپى قېلىپلاشقان، ئىجراسى كۈچلۈك بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېغىر، زور، يېڭىدىن تارقالغان، تاسادىپىي يۈزبەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانۇن جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەركەز ۋە يەرلىك، ھۆكۈمەت ۋە تارماقلار، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كەسپىي ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئاممۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش قانۇن-نىزاملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پەن-تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۆرەش قىلىشىدىكى ئۆتكۈر قورال، ئىنسانلارنىڭ چوڭ ئاپەت، چوڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىلمىي تەرەققىيات ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ. سەھىيە-ساغلاملىق ساھەسىگە بولغان پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پەن تەتقىقات ئىختىساسلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالىملار ۋە يېڭىلىق يارىتىشچان پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى پەن تەتقىقات قوشۇنىغا كىرىشكە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كاراماتىنى كۆرسىتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا بۇرچىمىزنى پائال ئادا قىلىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكار ھالدا خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن يۇقۇم ۋە ۋىرۇس ئۇچۇرى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرى، ئۇسۇللىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، 100دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتنى قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ماددىي ۋە تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلەپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدۇق. بىز خەلقئارا بۇرچىمىزنى داۋاملىق ئادا قىلىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە-ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىۋ خې، سۈن چۈنلەن، ياڭ جيېچى، جاڭ يوۋشيا، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي چى، ۋاڭ يۇڭ، شياۋ جيې، جاۋ كېجى، خې لىفېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن خىزمىتى كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى دېگىنىمىز مۇئەييەن رايوندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە تاۋار مىقدارىنى ھازىرلىغان، روشەن رايون ئالاھىدىلىكى ۋە خاس ئوزۇقلۇق سۈپىتى ئالاھىدىلىككە ئىگە، مۇقىم تەمىنلەش مىقدارى ۋە ئىستېمال بازىرى بولغان، ئاممىنىڭ بىلىش دەرىجىسى ۋە ئىناۋىتى يۇقىرى بولغان، ھەم يېزا ئىگىلىكى-يېزا مىنىستىرلىقى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەت بىخەتەرلىكى مەركىزى تىزىملاپ ئېلان قىلغان ۋە تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە بەرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قېتىم مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىرتۇتاش تەكشۈرۈلۈپ گۇۋاھنامە بېرىلگەندىن كېيىن، بەلگىلىمىگە، تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەھسۇلاتلار گۇۋاھنامىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قوشۇلۇشى بىلەن، مەھسۇلات ئورالمىسىغا «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» دېگەن بەلگە سېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسىنى پەرقلەندۈرۈش دەرىجىسى ۋە تەسىر كۈچى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك سۈپەتلىك ماركىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم داڭلىق، ئەلا، ئالاھىدە «يەرلىك داڭلىق ماركا» «ئەسلىي داڭلىق ماركا»لىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇتتى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ماركىلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويندى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا، يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 29غا يەتتى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە، مۇلازىمەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى يولغا قويۇش، سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشنى رەقەملەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، يۇقىرى قاتلاملاشتۇرۇش، يۇغۇرمىلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ، جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى رولىنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەتچىلىك كەسپىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىشى، سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە يەنىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش، چەت ئەل مەبلەغى قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ھەر تەرەپلىمە ئېچىشنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش چارىسى (لايىھە)»نى تۈزۈش توغرىسىدىكى ئىزاھات قاتارلىقلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان قانۇن دەستۇرى نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى قانۇن. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىر قاتار يېڭى بەلگىلىمىلەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئالغا سىلجىتىپ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەق تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق، تەرتىپلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدە «قارار» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىدۇ. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، نازارەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، «قارار» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇھىم، زور ئاممۋى سەھىيە خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش چارىسى (لايىھە)»دە مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش، دائىملىق باشقۇرۇش، مۇتەخەسسىسلەر خىزمەت ئەھۋالىنى خاتىرىلەش، ئىستاتىستىكا قىلىش، جەملەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇش ھەم مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە قارىتا بەلگىلىمە چىقىرىلدى، بۇ، نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرى خىزمىتى مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار ۋاقتىدا ئىگىلىنىپ، مۇلازىمەت قىلىشقا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.